# مىللىي بۆلگۈنچىلىك جىنايى ھەرىكەتلىرىگە قەتئىي زەربە بېرىپ شىنجاڭنىڭ تىنچ ـ ئىتتىپاق ۋەزىيىتىنى قوغدايلى ۋە راۋاجلاندۇرايلى

(ئىچكى ماتېرىيال دىققەت بىلەن ساقلانسۇن)

جكپ ئۈرۈمچى شەھەرلىك كومىتېتى سىياسىي قانۇن كومىتېتى
ج ك پ ئۈرۈمچى شەھەرلىك كومىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمى
1997 ـ يىل 6 ـ ئاي

# كىرىش سۆز

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىكىدە شەھەرلىك پارتكوم، شەھەرلىك ھۆكۈمەت پۈتۈن شەھەردىكى ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە خەلق ئاممىسىنى يېتەكلەپ، زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىپ، ھەر قايسى ساھەلەردە ناھايىتى زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن مىللىي بۆلگۈنچىلەر ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرگە قارشى قەتئىي بوشاشماي كۈرەش قىلىپ، جەمئىيەتنىڭ سىياسىي مۇقىملىقىنى ئۈنۈملۈك قوغدىدى. ئەمما ھازىرقى مۇرەككەپ خەلقئارا كۆرەشتە، ئۈرۈمچى شەھىرى يەنىلا نۇرغۇنلىغان رېئال ۋە يوشۇرۇن تىنچسىز ئامىللارغا دۇچ كەلمەكتە. بۇنىڭ گەۋدىلىك ئىپادىلىرى: چېگرا ئىچى - سىرتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرى كۈندىن - كۈنگە كەسكىنلىشىپ، چېگرا ئىچىدىكى قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەر ئەۋج ئالماقتا. ئەكسىل ئىنقىلابىي تەشكىلات تەرىپىدىن پىلانلىنىپ يولغا قويۇلغان 1992 - يىلىدىكى «5 - فېۋرال» پارتلىتىش ۋەقەسى يۈز بەرگەندىن بۇيان، مىللىي بۆلگۈنچىلەر ئاساسلىق جامائەت پىكرى تەشۋىقاتىدىن بىۋاسىتە پارتلىتىش، قەستەن ئادەم ئۆلتۈرۈش، بۇلاڭچىلىق قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن

تېررورلۇق - زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بېرىشقا ئۆتۈپ، جىنايى ئىشلار-جىنايىتى بىلەن دۆلەت خەۋپسىزلىكىگە زىيان يەتكۈزىدىغان جىنايەتنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ، جىنايى قىلمىشلىرى ئارقىلىق رەزىل سىياسىي مەقسىتىگە يەتمەكچى بولۇۋاتىدۇ.

پۈتۈن شەھەردىكى ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە خەلق ئاممىسىنى مىللىي بۆلگۈنچىلەر ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرنىڭ ئېغىرلىقى، خەتەرلىكلىكىنى سەگەكلىك بىلەن تونۇپ، شەھىرىمىزنىڭ مەركەزلىك تۈزەش خىزمىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇشقا ماسلىشىپ، مەركەزنىڭ شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش خىزمىتىدىكى يوليورۇقىنىڭ روھىنى ئومۇميۈزلۈك چۈشىنىش ۋە ئىگىلەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش مەقسىتىدە يېقىنقى يىللاردىن بۇيان يۈز بەرگەن ئومۇمىيلىق، ئۈلگىلىك خاراكتېرگە، تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە بىر قىسىم دېلولارنى تاللاپ نۆۋەتتىكى مۇھىم تەشۋىقات ماتېرىيال قىلىپ تۈزدۇق. پۈتۈن شەھەردىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت تەشكىلاتلىرى كادىرلار، ئاممىنى نۇقتىلىق ئۆگىنىشكە تەشكىللەپ، پارتىيە 14 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 6 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىشكە بىرلەشتۈرۈپ، چوڭقۇر مۇنازىرە ئېلىپ بېرىپ «شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئاساسىي خەۋپ - مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەت» دېگەن بۇ ھۆكۈمنىڭ توغرىلىقىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ ۋە تونۇپ، شۇنىڭدەك پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەن ۋە ئاساسىي فاڭجېنىدە تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇپ، تىنچ ۋاقىتتا خەتەرنى ئويلاپ، كەلكۈن كەلمەستە توغان سېلىپ، ئىسلاھات، تەرەققىيات،

مۇقىملىق مۇناسىۋەتنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قوغداش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى بەرپا قىلىپ ۋە كۈچەيتىپ، يۇقىرى سىياسىي سەزگۈرلۈك ۋە خىزمەتتىكى مەسئۇلىيەتچانلىق، مەردانىلىق بىلەن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ۋە قانۇننىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى قوغداش بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە كەڭ خەلق ئاممىسىنى يۈكسەك ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە ئۇلارغا تايىنىپ، ئاز ساندىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەرگە زەربە بېرىپ، ئۇلارنى ئەڭ زور دەرىجىدە يېتىم قالدۇرۇپ، بارلىق قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرنى قەتئىي چەكلەپ، ھەر خىل قانۇنسىز دىنىي تەشۋىقات نۇقتىلىرى، جانبازلىق مەشىق ئورۇنلىرى ۋە يەر ئاستى دىنىي مەكتەپلەرنى پېچەتلەپ، پۈتۈن شەھەرنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا ياخشى ئىجتىمائىي مۇھىت يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلىشى كېرەك.

# «5- فېۋرال» پارتلىتىش دېلوسى

1992- يىلى 2- ئاينىڭ 5- كۈنى (چاغاننىڭ ئىككىنچى كۈنى) بېيجىڭ ۋاقتى سائەت 21 دىن 40 مىنۇت ئۆتكەندە، 52- يول ئاممىۋى قاتناش ئاپتوبۇسى جەنۇبىي ۋوگزالدىن تۆمۈر يول ئىدارىسىگە قاراپ كېتىۋېتىپ، يەنلەر ئاكادېمىيىسى بېكىتىدىن ئەمدىلا قوزغالغاندا تۇيۇقسىز قاتتىق ئاۋاز چىقىپ، ئاپتوبۇسنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئولتۇرغۇچ قىسمىدا پارتلاش يۈز بېرىپ ئۈچ كىشى نەق مەيداندا ئۆلگەن، تۆت كىشى ئېغىر يارىلانغان، ئون نەچچە كىشى يېنىك يارىلانغان. ئوخشاش بىر ۋاقىتتا 30- يول ئاممىۋى قاتناش ئاپتوبۇسى ھەربىي رايون پىيادىلەر مەكتىپىدىن بېيمىندىكى ئاخىرقى بېكەتكە كىرىپ ئەمدىلا توختىغاندا، قاتتىق پارتلاش ئاۋازى ئاڭلىنىپ ئاپتوبۇسنىڭ ئارقا قىسمىدا پارتلاش يۈز بېرىپ ئىككى ئاپتوبۇس خادىمى سورۇلۇپ يارىلانغان. ماشىنىنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى 4 - يول ئاپتوبۇسىدىن ئاپتوبۇسنىڭ بەش ئەينىكى پارتلاشتىن چېقىلىپ كەتكەن. ئۈچ سائەتتىن كېيىن يەنى 2 - ئاينىڭ 6 - كۈنى يېرىم كېچە 0 دىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە ئاۋات شەھەر رايونىغا جايلاشقان ئاممىۋى تىياتىرخانا سىنقۇيغۇ زالىدا خىزمەتچى خادىم تازىلىق قىلىۋېلىپ بىر ئورۇندۇقنىڭ ئاستىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان مۇددەتلىك پارتلىتىش قۇرۇلمىسىنى بايقىغان. بۇ سىم يولى

ئۈزۈلۈپ كەتكەنلىك سەۋەبىدىن پارتلىمىغان. 2 - ئاينىڭ 48 - كۈنى مەدەنىيەت يولى 5 - كوچىدىكى ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى ئائىلىلىكلەر بىناسى 1 - قەۋەت بالكونىنىڭ ئاستىدا يەر مۇددەتلىك بومبا بايقالغان. بۇ يەنە سىم يولى ئۈزۈلۈپ كېتىش سەۋەبىدىن پارتلىمىغان. شۇنىڭ بىلەن پارتلىتىش تېررورلۇقىنىڭ قارا سايىسى پۈتۈن مەركىزى شەھەر ئۈرۈمچىنى قاپلاپ كىشىلەرنى دەككە - دۈككىدە قويغان. بۇ ئاپتونوم رايونىنىڭ ئىچى - سىرتىنى زىل - زىلىگە سالغان دەھ- قىيۇزال، پارتلىتىش دېلوسى بولۇپ، تەشكىللىك، سۇيىقەستچىلىك، كۆڭۈل قويۇپ پىلانلانغان پارتلىتىش دېلوسى. ۋەقەدىن كېيىن جامائەت خەۋپسىزلىك ئورگانلىرى ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىكىدە كادىر - ساقچىلار ئاممىۋى لۇشيەن بىلەن مەخسۇس خىزمەتنى ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈشتەك ئۈسۇل ئەنئەنىسىدە چىڭ تۇرۇپ، ئۆلۈمدىن قورقماسلىق، ھېرىش - چارچاشتىن قورقماسلىق ۋە ئۆزمەي كۈرەش قىلىش روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، قەيسەرلىك بىلەن كۈرەش قىلىپ، ئاخىرى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئەكسىلئىنقىلابىي تەشكىلات «ئىسلام ئىسلاھاتچىلىرى پارتىيىسى» پىلانلىغان، قوماندانلىق قىلغان، يولغا قويغان پارتلىتىش ۋەقەسىنى غەلىبىلىك پاش قىلىپ، ئابلىمىت تالىپ باشچىلىقىدىكى 12 جىنايەتچىنى قولغا چۈشۈردى.

1990 - يىلى 10 - ئايدا كۇچا، قاغىلىق ناھىيىسىدىكى دېھقان ئابلىمىت، تالىپ، ئىدرىسخان، ئۆمەر باشچىلىقىدىكى بىر ئوچۇم مىللىي بۆلگۈنچىلەر ئۈرۈمچىدە ۋەتىنىمىز بىرلىكىنى پارچىلاشنى مەقسەت قىلغان،

خەلق دېموكراتىيە دىكتاتۇرىسى بىلەن دۈشمەنلىشىدىغان «ئىسلام ئىسلاھاتچىلىرى پارتىيىسى» ئەكسىلئىنقىلابىي تەشكىلاتىنى مەخپىي قۇرغان. ئۇلارنىڭ جىنايى قىلمىشى ئاشكارىلىنىپ، گۇرۇھ ئەزالىرى ج خ ئورگانلىرى تەرىپىدىن قولغا چۈشكەندىن كېيىن، ئابلىمىت تالىپ ۋە ئىمىرىسخان ئۆمەر قېچىپ كېتىپ، قالدۇق كىشىلەرنى تەشكىللەپ، ئەكسىلئىنقىلابىي بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنى داۋاملىق ئېلىپ بارغان. ئۇلار بىر تەرەپتىن ئەكسىلئىنقىلابىي تەشكىلاتنى داۋاملىق تەرەققىي قىلدۇرۇپ، خادىملارنى تەربىيىلەپ، قورال - ياراق سېتىۋالغان، يەنە بىر تەرەپتىن غالجىرلىق بىلەن ئارقا - ئارقىدىن تېررورلۇق ھەرىكەتلەرنى سادىر قىلىپ، تىغ ئۇچىنى خەلق دېموكراتىيە دىكتاتۇرىسىغا قاراتقان. 1991 - يىلى 2 - ئايدا ئابلىمىت تالىپ ۋە ئىمىرىسخان ئۆمەرنىڭ بىۋاسىتە قوماندانلىقى ئاستىدا، مەمەت يۈنۈس كۇچا ناھىيىسى قاتناش ترانسپورت شىركىتى سېنقويغۇ زالىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان مۇددەتلىك بومبا پارتلاپ نەق مەيداندا بىر ئادەم ئۆلۈپ، ئون نەچچە ئادەم يارىلانغان. شۇ يىلى 11 - ئايدا ئىقتىساد توپلاش ئۈچۈن ئابلىمىت تالىپ ۋە ئىمىرىسخان ئۆمەر شايار ناھىيىسىدىكى يېزا ئىگىلىك بانكىسىدىن 500 مىڭ يۈەننى قوراللىق بۇلاش ۋەقەسىنى بىرلىكتە پىلانلىغان. مەمەت يۈنۈس ۋە خەلىل ئېلى بىرلىكتە بىۋاسىتە ئىجرا سادىر قىلغۇچىلار. 1992 - يىلى 1 - ئايدا ئابلىمىت تالىپ ۋە ئىمىرىسخان ئۆمەر يەنە باھار بايرىمى مەزگىلىدە ئۈرۈمچىدە پارتلىتىش تېررورلۇق ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىپ، ناھايىتى زور سىياسىي تەسىر ۋە قالايمىقانچىلىق كەلتۈرۈپ چىقىرىشنى پىلانلىغان. بىر قاتار ئەتراپلىق پىلان ۋە تەييارلىق ئارقىلىق، 2 - ئاينىڭ 5 - كۈنى كەچ،

ئابلىمىت تالىپنىڭ بېكىتىشى بىلەن بۇ قېتىمقى ھەرىكەتكە مەمەت ئىمىن سېيىت مەسئۇل بولۇپ يېتەكچىلىك قىلىشى ئارقىسىدا بەش جىنايەتچى تۆت قەرەللىك بومبىنى ئايرىم - ئايرىم 52 - يولنىڭ 16715 - 01 نومۇرلۇق، 30 - يولنىڭ 16786 - 01 نومۇرلۇق ئېلىمسۇق قاتناش ئاپتوبۇسىغا؛ ئاممىۋى تىياتىرخانا سىنقويغۇ زالى ۋە مەدەنىيەت يولى 5 - كوچىدىكى بىر ئائىلىكلەر بىناسىنىڭ بالكونى ئاستىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ، بەش جىنايەتچى دەككە - دۈككىدە ئۈرۈمچىدىن قېچىپ كەتكەن. 1993 - يىلى 6 - ئايدا ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى سوت ئېچىپ، ئابلىمىت تالىپ باشچىلىقىدىكى 12 جىنايەتچىنىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھنى تەشكىللەشكە رەھبەرلىك قىلىش جىنايىتى، ئەكسىلئىنقىلابىي بۇزغۇنچىلىق جىنايىتى، پارتلىتىش جىنايىتى، بۇلاڭچىلىق جىنايىتى قاتارلىق جىنايەتلىرىگە ئايرىم - ئايرىم ئۆلۈم جازاسى، مۇددەتسىز قاماق جازاسى، مۇددەتلىك قاماق جازاسى قاتارلىق جازا بەردى. قانۇن بويىچە ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى ۋە ئالىي سوت مەھكىمىسىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن 1995 - يىلى 5 - ئايدا پۈتۈن دېلونى ئىجرا قىلىش ئاخىرلاشتى.

«5 - فېۋرال» پارتلىتىش دېلوسىنى پاش قىلىش خىزمىتى غەلىبىلىك تاماملىنىپ، جىنايەتچىلەرگە ئاشكارا ھۆكۈم ئېلان قىلىنىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلەرگە قاتتىق زەربە بېرىلىپ، ئۇلارنىڭ ھەيۋىسى يەرگە ئۇرۇلۇپ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ جەمئىيەت تىنچلىقىغا زىيانكەشلىك قىلغان ئاپەت يوقىتىلدى.

ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، ئابلىمىت تالىپ باشچىلىقىدىكى مىللىي

بۆلگۈنچىلەرنىڭ زوراۋانلىق بىلەن تېررورلۇق ھەرىكىتى ئادەتتىكى جەمئىيەت
ئامانلىقىنى پاراكەندە قىلىش ئەمەس، بەلكى جىنايى مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن
قوراللىق بۆلگۈنچىلىك قىلىش، پارتلاتقۇچ ئىشلىتىپ ئادەم پارتلىتىش بولۇپ،
ۋەھشىيلىك ۋە رەھىمسىزلىكى كىشىنى چۆچۈتىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇلارنىڭ جىنايى ھەرىكىتى ئەسەبىيلىكتىن
كېلىپ چىققان بولماستىن، بەلكى تەشكىللىك، پىلانلىق، قەدەممۇ قەدەم باسقۇچلۇق
ھالدا ئېلىپ بېرىلغان. دېمەك، ئۇلار ئاز بىر قىسىم بولسىمۇ لېكىن ئۇلارنىڭ
مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھاياتى، مال - مۈلكىنىڭ
بىخەتەرلىكىگە ئېغىر تەھدىت

5 - فېۋرال «پارتلىتىش ۋەقەسى» دە پارتلانغان ۋە ئۆلگەنلەرنىڭ ئىچىدە
خەنزۇلارمۇ، ئەنە ئاشۇ ئاز سانلىق مىللەتلەرمۇ بار. بۇ قانلىق ئەمەلىيەت:
مىللىي بۆلگۈنچىلەر، تېررورلۇق ھەرىكىتىنىڭ تىغ ئۇچىنى قايسىدۇر بىر
مىللەتكە قاراتمىغانلىقىنى بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا تونۇتتى. ئۇلارنىڭ
جىنايى ھەرىكىتى ئۆز مىللىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ
مەنپەئەتىگە زىيانلىق ۋە خىلاپ، ئۇلار دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ ئورتاق دۈشمىنى.
شۇڭا بىز بىلەن مىللىي بۆلگۈنچىلەر ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش بىر مەيدان ھايات
- ماماتلىق سىنىپىي كۈرەش بولۇپ، مۇرەسسە قىلىدىغان ئازراقمۇ ئورۇن
يوق. ئومۇملۇققا مۇناسىۋەتلىك بۇنداق پرىنسىپال مەسىلىدە، پارتىيە ئەزالىرى
ۋە ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسى كاللىسى سەگەك، مەيدانى مۇستەھكەم
بولۇشى كېرەك. ئارسالدى بولۇشقا ھەرگىز بولمايدۇ. بۇ بىزنىڭ ھەر بىر
يولداشنىڭ سىياسىي پارتىيىۋىلىكىگە ئەھمىيەت بېرىدىغان -

بەرمەيدىغانلىقىنى ئۆلچەيدىغان مۇھىم بەلگە . هازىر ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرگە قارشى كۈرەشتە ، بىز پەقەت يۈكسەك سىياسىي سەزگۈرلۈكنى ساقلاپ ، ھەر تەرەپتىكى خىزمەتلەرنى ۋاقتىدا كۈچەيتىپ ، قەتئىي تەۋرەنمەي ھەر مىللەت كادىرلىرى ئاممىسىغا ئىشىنىپ ۋە تايىنىپ مۇستەھكەم كۈچ بولۇپ ، ئۇيۇشۇپ ، بوشاشماستىن دائىم تەييار تۇرىدىغانلار بولساق ، مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ مۇقىملىقنى بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان ، بۆلگۈنچىلىك پەيدا قىلىدىغان بارلىق جىنايى قىلمىشلىرىنى ئۈزۈل - كېسىل يىتچىت قىلالايمىز .

## 2 - دېلو

# «TTA» - «تۇلۇنئاي يەتتە يۇلتۇز» دېلوسى

1994 - يىلى 9 - ئايدا مەمەت راشىدىن ( ئەر ، ئۇيغۇر ، 20 ياش ، لوپنۇر ناھىيىسىدىن ) ئۈرۈمچىدىكى XXكۆمۈركان تېخنىك مەكتىپىگە كىرگەندىن كېيىن بىر سىنىپتىكى ساۋاقدىشى تۇردى قاسىم ( ئەر ، ئۇيغۇر ، 19 ياش ، چەرچەن ناھىيىسىدىن ) بىلەن مەخپىي تەشكىلات قۇرغان . 11 - ئاينىڭ ئوتتۇرلىرى مەمەت تۇردى ئىككىسى ساۋاقداشلىرى تۇرغۇن ياسىن ، تۇرسۇن تۇردى ، قاۋۇل تۇردى قاتارلىق بەش ئادەم بىلەن مەكتەپنىڭ تەنتەربىيە مەيدانىدا مەخپىي يىغىلىش قىلىپ تەشكىلات قۇرۇش مەسىلىسىدە بىر پىكىرگە كەلگەن . 1995 - يىلى 4 - ئاينىڭ باشلىرى مەمەت راشىدىن ، تۇرغۇن ياسىن باشقا سىنىپتىكى ئوقۇغۇچى ئابلىكىم ئابدۇكېرىم بىلەن يىغىن ئېچىپ تەشكىلاتنىڭ نامىنى قويۇشقا ئالاقىدار مەسىلەر ئۈستىدە مەخپىي سۆھبەتلەشكەن . يىغىن : « ئاق تۇرنا » يەنى ھەر بىر تاق سۆزنىڭ باش ھەرپىنى بىرلەشتۈرۈپ قىسقارتىپ « TTA » نى تەشكىلات نامى قىلىپ قوللىنىشنى بېكىتكەن . تەشكىلاتنىڭ نامى بېكىتىلگەندىن كېيىن ئۇلار يەنە تەشكىلات بايرىقىنىڭ شەكلىنى لايىھىلىگەن « TTA » تەشكىلاتىنىڭ بايرىقى تىگى كۆك رەڭدە ، ئۈستىگە سېرىق ھىلال ئاي تۇتۇپ ، يەتتە يۇلتۇز چەمبەر شەكلىدە ئەتراپىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان . شۇڭا تەشكىلاتنىڭ نامىنى تولۇن

ئاي يەتتە يۇلتۇز » دەپمۇ ئاتاشقا بولىدىغانلىقىنى بېكىتكەن. ئاتالمىش « تولۇن ئاي » تەشكىلاتىنىڭ باش شتابى « يەتتە يۇلتۇز » تارماق تەشكىلاتقا ۋەكىللىك قىلىدۇ.

تەشكىلات قۇرۇلغاندىن كېيىن تەشكىلات ئەزالىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى تېزلىتىش ئۈچۈن، بىر يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە ئىلگىرى ـ ئاخىر 12 قېتىم مەخپىي يىغىلىش ئۆتكۈزگەن. ئۇلارنىڭ كاتىپبېشى مەممەت راشىدىن دائىم دەرستىن سىرت ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ، مەكتەپتە مەخپىي يىغىن ئېچىپ، سەپەرۋەرلىك قىلىپلا قالماي، يەنە باشقا تايانچلار بىلەن مەكتەپ ئاتلاپ ئالاقە قىلغان، يەنە تەتىل ۋاقتىدىكى تۇغقان يوقلاش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، ئاكتىپلىق بىلەن ئۆز تۇغقانلىرى، دوستلىرى، يۇرتداشلىرى، ساۋاقداشلىرى ئىچىدىن ئەزا تەرەققىي قىلدۇرغان. شۇنىڭ بىلەن مەممەت راشىدىن « مۇسۇلمانلار خىتابنامىسى » ۋە تەشكىلاتنىڭ پروگراممىسى قاتارلىق ئون نەچچە تۈرلۈك ئەكسىلئىنقىلابىي تەشۋىقات بۇيۇملىرىنى يېزىپ « يەتتە يۇلتۇز تەشكىلاتى » نامىدا ھەر قايسى جايلاردا كەڭ تارقىتىپ، كۆچىنىڭ بېرىچە مىللىي بۆلگۈنچىلىك قۇتراتقۇلۇق تەشۋىقاتى ئېلىپ بېرىپ، « مۇسۇلمانلار ھەرىكەتلىنەيلى، شىنجاڭنى مۇستەقىل شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى قىلىپ قۇرۇپ چىقايلى »، « شىنجاڭ مۇستەقىل بولمايدىكەن، بىز ئۇيغۇرلارنىڭ چىقىش يولى يوق » دەپ جار سالدى. ئۇلارنىڭ بۇ بۆلگۈنچىلىك، قۇتراتقۇلۇق تەشۋىقاتى كەڭ دائىرىدە تارقىلىپ كەتتى، بولۇپمۇ ياش ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا ئىنتايىن يامان تەسىر پەيدا قىلـ[illegible]

1995 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ئۈرۈمچى شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسى «TTA» دىكى «تولۇن ئاي» تەشكىلاتىنى پاش قىلىپ، مەمەت راشىدىن باشچىلىقىدىكى قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان، كۆپ سانلىق جىنايەتچىلەرنى تۇتتى ھەمدە زور مىقداردىكى ئىسيانكار ماتېرىياللارنى تەكشۈرۈپ قولغا چۈشۈردى. ئۇنىڭ ئىچىدە «TTA ھەرىكەت پىلانى»، «TTAنىڭ ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ھەر قايسى مەكتەپلەردىكى ئومۇمىيۈزلۈك تەشكىلىي پىلانى»، «TTA تەشكىلاتىنىڭ پارتىيە قۇرۇش دەسلەپكى ھەم 1 ـ قېتىملىق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىنىڭ «كونتېرتىپى»»، «TTA ھەربىي جەھەتتە قوراللىنىش پىلانى» قاتارلىق پروگرامما خاراكتېرلىك ماتېرىياللار بار. بۇ پىلانلارنى ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈپ ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولغان. بىرىنچى باسقۇچ تەشكىلاتنىڭ قۇرۇلۇش باسقۇچى؛ ئىككىنچى باسقۇچ تەشكىلاتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش باسقۇچى؛ ئۈچىنچى باسقۇچ بولسا قارا بوران باسقۇچى، يەنى 1996 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئۈرۈمچى ۋە كورلىدا بىردەك ھەرىكەت قوللىنىپ «شىنجاڭنى تىنچلىق بىلەن ئازاد قىلىش» مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن كەڭ كۆلەملىك نامايىش قىلىش. ئەگەر بۇ ھەرىكەت مەغلۇپ بولسا، 1997 ـ يىلى شياڭگاڭنى ۋەتەن قوينىغا قايتۇرۇپ كېلىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، بىرلىكتە زور كۈچ بىلەن ھەرىكەت قىلىپ، ھاكىمىيەتنى قوراللىق تارتىۋېلىپ «شىنجاڭنى ئازاد قىلىش»نى پىلانلىغان. جامائەت خەۋپسىزلىك، سىياسىي ـ قانۇن ئورگانلىرى دېلوغا چېتىشلىق كىشىلەرنى بىرمۇبىر تەكشۈرۈپ ئەمەلىيلەشتۈرگەندىن كېيىن، ئىچىدىكى تەشكىللىگۈچى، پىلانلىغۇچى ۋە تايانچلىرىغا ئايرىم ـ ئايرىم جىنايى جازا ۋە

ئەمگەك بىلەن تەربىيلەش جازاسى بەردى . شۇنىڭ بىلەن بىللە مۇشۇ تەشكىلاتنىڭ باشقا ۋىلايەت ، ئوبلاستلاردىكى ئەزالىرى ۋە دىلوغا چېتىشلىق كىشىلەرنى شۇ يەردىكى جامائەت خەۋپسىزلىك ئورگانلىرى يەنىمۇ ئېچكىرىلەپ تەكشۈرۈش ئاساسدا بىر تەرەپ قىلدى.

« TTA» - « تولۇن ئاي يەتتە يۇلتۇز» ئەكسىلئىنقىلابىي تەشكىلات دېلوسىنىڭ پاش بولۇشى ، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان جامائەت خەۋپسىزلىك ئورگانلىرى پاش قىلىپ قولغا چۈشۈرگەن بىر قەدەر زور تەسىر قوزغىغان سىياسىي دېلو مەزكۇر دېلونىڭ دەرھال پاش قىلىنىشى « TTA» تەشكىلاتىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە داۋاملىشىشىنى چەكلەپ ، يوشۇرۇن ئاپەتنى يوقىتىپ قالماستىن ، بەلكى يەنە دېلونى رازۋېت قىلىش ئارقىلىق ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ يەنە بىر تۈركۈم مىللىي بۆلگۈنچىلىك تەشكىلاتىنىڭ يىپ ئۇچى قېزىپ چىقىلدى . شۇنىڭ بىلەن بىز دۈشمەن بىلەن بولغان كۆرەشتە يەنىمۇ تەشەببۇسكارلىقنى قولغا كەلتۈردۇق . لېكىن « TTA» تەشكىلاتىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشىدەك جىددىي رېئاللىق بىزنى يەنە بىر قېتىم ئاگاھلاندۇردىكى ، مەكتەپ سوتسىيالىستىك « تۆتكە ئىگە » يېڭى كىشىلەرنى تەربىيلەيدىغان مۇھىم ئىدىيۋى مەدەنىيەت بازىسى، بىز ئىگىلىمىسەك ، مىللىي بۆلگۈنچىلەر ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەر يوچۇق ئىزدەپ كىرىپ ، خاتا ۋە ئەكسىيەتچىل ئىدىيۋى قاراشتىن پايدىلىپ ، بىز بىلەن ياش ئۆسمۈرلەرنى تالىشىدۇ . ھازىرقى ئوقۇغۇچىلار كەلگۈسىدىكى ھەر قايسى سەپلەرنىڭ قۇرغۇچىلىرى ۋە ئىز باسارلىرى ، كىم ياش ئۆسمۈرلەرنى قو[illegible] كەلتۈرەلىسە ، كەلگۈسىنى شۇ قولغا كەلتۈرىدۇ . شۇڭا بىز

بۇ خىزمەتنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى ئىستىراتېگىيە يۇكسەكلىكىدىن تونۇشىمىز كېرەك. مەكتەپلەردە ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئۆگىتىپلا قالماستىن، يەنە كەلگۈسى ياش - ئۆسمۈر ئوقۇغۇچىلارغا ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتنى كۈچەيتىپ، ئىجابىي جەمئىيەتنى سىڭدۈرۈش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، ماركسىزم، لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى ئارقىلىق مەكتەپتىن ئىبارەت بۇ ئىدىيىۋى مەدەنىيەت بازىسىنى ئىگىلەپ، قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرنىڭ مەكتەپلەرنى چىرىتىشىگە قەتئىي يول قويماسلىق، ھەر خىل شەكىلدىكى قانۇنسىز ئەكسىيەتچىل تەشكىلاتلارنىڭ مەكتەپتە كۆپىيىپ تەرەققىي قىلىشىغا تېخىمۇ يول قويماسلىق لازىم.

3- دېلو

## مەمتىمىن روزىنىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي تەشۋىقات، قۇتراتقۇلۇق دېلوسى

1990 - يىلى 2 - ئاينىڭ باشلىرىدا، مەمتىمىن روزى (ئەر، ئۇيغۇر، 51 ياش، ئۈرۈمچى شەھرىدىن، ئەسلى ئۈرۈمچى شەھەرلىك 5 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئىشخانا مۇدىرى) ۋەتىنىمىزنىڭ بىرلىكىگە بۇلگۇنچىلىك قىلغان مەزمۇندىكى ئىككى پارچە ئەكسىلئىنقىلابىي خەت يېزىپ، ئايرىم - ئايرىم چېگراسىرتىدىكى مەلۇم تەشكىلاتقا ۋە چېگرا ئىچىدىكى مەلۇم پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگىنىغا ئەۋەتكەن. بۇ ئىككى پارچە خەتتە، مەمتىمىن روزى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنى «ئەسلىدىن مۇستەقىل دۆلەت»، «مۇستەملىكە تاجاۋۇز قىلىش شىنجاڭنى جۇڭگونىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلاندۇرۇپ قويغان» دېگەندەك سەپسەتىلەرنى بولۇشىغا ئويدۇرۇپ ئەكسىلئىنقىلابىي قۇتراتقۇلۇق تەشۋىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان.

ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى قانۇن بويىچە سوت ئېچىپ، جىنايەتچى مەمتىمىن روزى ئەكسىلئىنقىلابىي مەقسەتتە ئەكسىيەتچى مەزمۇندىكى خەتلەرنى ئەۋەتىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ۋەتىنىمىزنىڭ بىرلىكىگە بۆلگۈنچىلىك قىلغان ئەكسىلئىنقىلابىي تەشۋىقات ھەرىكەتلىرى

بىلەن شۇغۇللانغان، ئۇنىڭ بۇ قىلمىشلىرى ئەكسىلئىنقىلابىي تەشۋىقات، قوتراتقۇلۇق جىنايىتىنى شەكىللەندۈردى دەپ قاراپ، قانۇن بويىچە مۇددەتلىك ئىككى يىللىق قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىنىپ، سىياسىي ھوقۇقىدىن بىر يىللىق مەھرۇم قىلىنىش جازاسى بەردى.

مائارىپ خىزمەتچىسى كىشىلەرنى تەربىيەلەيدىغان ئۇستاز، ئىنسانلارنىڭ مەدەنىيەت ئەنجىلىرىنى تارقاتقۇچى، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىمىزنىڭ ئىز باسارلىرىنى تەربىيەلەشتەك مۇقەددەس ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئالغان بولۇپ، چوقۇم يۇقىرى سىياسىي مەسئۇلىيەتچانلىققا ۋە كۈچلۈك بۇرچ تۇيغۇسىغا ئىگە بولۇشى، شۇنداقلا ئىدىيە، سىياسىي، ھەرىكەت جەھەتتە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن يۈكسەك بىردەكلىكنى ساقلىشى، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ۋەتىنىمىزنىڭ بىرلىكىنى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئاكتىپلىق قوغدىشى، بايرىقى روشەن ھالدا مىللىي بۆلگۈنچىلەرگە قارشى تۇرۇشى لازىم. ھالبۇكى، مائارىپ خىزمەتچىسى بولغان مەمتىمىن روزى كىشىلەرگە ئۈلگە بولۇشتەك ئەقەللىي ئىدىيىۋى پەزىلەت ۋە ئەخلاققا خىلاپلىق قىلىپ، كۆچىنىڭ بىرىچە مىللىي بۆلگۈنچىلىكنى تەرغىب قىلىپ، ئەكسىلئىنقىلابىي تەشۋىقات جىنايى ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، جەمئىيەتتە ئىنتايىن يامان سىياسىي تەسىر پەيدا قىلغان. شۇڭا، بىز مەمتىمىن روزىغا ئوخشاش ئىنسانىيەت روھىنىڭ ئىنژېنېرلىق تونىغا ئورىلىۋالغان مىللىي بۆلگۈنچىلەرنى ۋاقتىدا پاش قىلىشىمىز ۋە ئۇلارغا قەتئىي زەربە بېرىشىمىز لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا سوتسىيالىستىك مائارىپ بازىلىرىمىزنى ساپلاشتۇرالايمىز ۋە مۇستەھكەملىيەلەيمىز. بۇ بازىنىڭ

تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقى مەڭگۈ پارتىيىگە سادىق ، خەلققە سادىق كىشىلەرنىڭ قولىدا بولىدۇ . دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرى ئۈچۈن ئەۋلاتمۇ ئەۋلاد ئىشەنچلىك ئىزباسارلارنى تەربىيىلەپ چىقالايمىز ، كەلگۈسىگە مۇناسىۋەتلىك مۇشۇنداق خىزمەتتە ، ئوقۇتقۇچى ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ توغرا دۇنيا قاراش ، كىشىلىك قاراش ، قىممەت قاراشنى تىكلىشىگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان ۋە ياردەم بېرىدىغان ھالقا . ھەر قايسى جەھەتلەردە ئۆزى ئۈلگە بولۇش كېرەك : شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ، مەكتەپتىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى رەھبەرلىك يادرولۇق رولىنى تېخىمۇ تولۇق جارى قىلدۇرۇپ ، ھەر خىل شەكىلدە دىن ئەقىدىلىرىنى ، بۇرمىلانغان تارىخنى ، بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسىنى تارقىتىپ ، ئەكسىلئىنقىلابىي قۇتراتقۇلۇق تەشۋىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان ئوقۇتقۇچىلارغا قاتتىق تەنقىد - تەربىيە بېرىشى ، تەربىيە بېرىلسىمۇ ئۆزگەرمىگەنلەرنى ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىدىن قەتئىي ھەيدەپ چىقىرىش لازىم . جىنايەت شەكىللەندۈرگۈچىلەرنىڭ قانۇن بويىچە جىنايى جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتۈرۈش لازىم .

بۇ دېلو ئارقىلىق شۇنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇقكى ، دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەرنىڭ بىرلىشىشنى جىددىيلەشتۈرۈپ ، خەلقئارا جامائەت پىكرى پەيدا قىلىشتىن مەقسىتى ، جۇڭگوغا قارشى كۈچلەرنى توپلاپ ، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىشىپ ، ئاتالمىش « شىنجاڭ مۇستەقىللىقى » مەسىلىسىنى خەلقئارالاشتۇرۇپ ، ۋەتىنىمىز بىرلىكىگە بۆلگۈنچىلىك [illegible]سىپ ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى

خەلق دېموكراتىيە - دىكتاتۇرىلىقىدىكى سوتسىيالىستىك تۈزۈمىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشتەك ئاخىرقى نىشانغا يېتىش ئۈچۈندۇر. شۇڭا بىز تاشقى ئىشلارنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، چېگرا ئىچى ۋە سىرتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەرنىڭ ئۆزئارا تىل بىرىكتۈرۈشىنى قاتتىق چەكلەپ، چوڭ ئىشلارغا دىققەت قىلىپ، كىچىك ئىشلارغا قول سېلىپ، ھەر ۋاقىت، ھەر جايدا كېڭىيىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، ئۇلارغا پۇرسەت تۇغدۇرۇپ بەرمەي، دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنىڭ دەخلى - تەرۇزگە ئۇچرىماسلىقىنى قوغداپ، شىنجاڭدا مۇقىم، ئىتتىپاق بولغان چوڭ ياخشى ۋەزىيەت بەرپا قىلىشىمىز ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇشىمىز كېرەك.

# « 13 - فېۋرال » پارتلىتىش دېلوسى

1996 - يىلى 2 - ئاينىڭ 13 - كۈنى سائەت 0 ئەتراپىدا ، ئۈرۈمچى شەھىرى قۇرۇلۇش كوچىسى 8 - قورۇ شىنجاڭ ھەربىي رايون ئوقۇتقۇچىلارنى يېتىشتۈرۈش مەركىزىي بىناسى ( بىنانىڭ ئاستىنقى قەۋىتى بەخت يولى ساقچىخانىسى ) نىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا پارتلاش يۈز بېرىپ ، بىنا ئالدىنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى توساقنىڭ ئالدىغا توختىتىپ قويۇلغان شىنجاڭ ھەربىي رايونى سىياسىي بۆلۈمىنىڭ 0122 - 12 نومۇرلۇق « سەنلىڭ » ماركىلىق دالا ئاپتوموبىلى پارتلاپ پاچاقلىۋېتىلگەن . مۇشۇ ماشىنىنىڭ ئوڭ تەرىپىگە توختىتىپ قويۇلغان بىر 0028 - 12 نومۇرلۇق « 212 » جىپ ماشىنىمۇ پارتلاشنىڭ تەسىرى بىلەن ئازراق بۇزۇلغان ، بۇنىڭدىن باشقا پارتلاشنىڭ كۈچلۈك زەربىسىدىن يېتىشتۈرۈش مەركىزىي بىناسىنىڭ جەنۇبىي تەرىپى 3 - قەۋەتنىڭ ئەينەكلىرى ھەممىسى چېقىلىپ كەتكەن . بىنانىڭ غەربىي جەنۇب تەرىپىدىكى ئۆيلەرنىڭ ئەينەكلىرىنىڭ بەزىلىرىمۇ چېقىلغان .

ج خ ئورگانلىرى نەق مەيدانىنى ۋە ئەتراپىنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق بۇنىڭ بىر قېتىملىق سىياسىي خاراكتېرلىك پارتلىتىش دېلوسى بولۇپ ، ئومۇمنىڭ بىخەتەرلىكىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىپ ، سىياسىي تەسىر پەيدا قىلىشتىكى مەقسىتىدە قىلىنغانلىقىنى جەزملەشتۈردى . بۇ ئىشقا نىسبەتەن ، بۇ

كۆرەشكە قاتناشقان بارلىق كادىر ساقچىلار بىر سەپتە تۇرۇپ، «سىياسىي قوغداش بىلەن جىنايى ئىشلارنى بىرلەشتۈرۈپ» رازۋېت قىلىش تەدبىرىنى قوللىنىپ، ئاخىرى 1996 ـ يىلى 7 ـ ، 8 ـ ئايدا ئايرىم ـ ئايرىم پارتلىتىش دېلوسىدىكى ئاساسىي جىنايەتچى مەتتىمىن ئوبۇلقاسىم (ئەر، ئۇيغۇر، 29 ياش. ئالىي تېخنىكوم مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە. نەنمىن خانتەڭرى مەسچىتىدە تالىپ) مەمەت ئابدۇراخمان. (ئەر، ئۇيغۇر، 21 ياش، ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام دىنى ئىنىستىتۇتىنىڭ 1993 ـ يىللىق ئوقۇغۇچىسى) نى قولغا چۈشۈرۈپ، «13 ـ فېۋرال» پارتلىتىش دېلوسىنى پاش قىلدى ھەمدە بۇلاڭچىلىق قىلىش، ئادەم ئۆلتۈرۈش دېلوسىدىن بىرنى، بۇلاڭچىلىق قىلىش ئوغرىلىق قىلىش دېلوسىدىن ئوتتىنى پاش قىلدى.

«13 ـ فېۋال» پارتلىتىش دېلوسى 1992 ـ يىلدىكى «5 ـ فېۋرال» پارتلىتىش دېلوسىدىن كېيىنكى مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ ئۈرۈمچىدە ئېلىپ بارغان يەنە بىر قېتىملىق پارتلىتىش دېلوسى، دېلونىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلارنىڭ بىزنىڭ دىكتاتۇرا ئورگانلىرىمىزنىڭ قاتتىق زەربىسىدە، ئۆزلىرىنىڭ بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنى توختىتالمايلا قالماستىن، زوراۋانلىق ۋە تېرروزلۇق ھەرىكىتىنى تېخىمۇ كۈچەيتكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم تولۇق ئىسپاتلاپ بەردى. بۇ قېتىمقى پارتلىتىش دېلوسىدا گەرچە ئادەم ئۆلۈش، يارىلىنىش ئەھۋالى كۆرۈلمىگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ سىياسىي تەسىرى ئىنتايىن يامان بولدى، ئۇ دۆلەتنىڭ مال ـ مۈلكىنىڭ بىخەتەرلىكىگە بىۋاسىتە زىيان سېلىپلا قالماستىن، يەنە ئۈرۈمچىنىڭ ھەتتا شىنجاڭنىڭ دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئابرويىغا زىيان يەتكۈزدى. ئۈرۈمچى ۋە ئاپتونوم

رايونىمىزنىڭ ئىچكى رايونلار ۋە خەلقئارا بىلەن بولغان ئالاقە ئىشلىرىغا تەسىر يەتكۈزدى. ئەگەر بىز بۇ مەسىلىنى مۇشۇنداق يۈكسەك دەرىجىدە تونۇمساق، ھەر جەھەتتىكى خىزمەتلەرنى ۋاقتىدا كۈچەيتمىسەك، بىزنىڭ مۇقىم ۋەزىيىتىمىز ئېغىر زىيانغا ئۇچراپ، ئۇرۇمچىنىڭ ئەسىر ئالمىشىش پەيتىدىكى ئىنتايىن مۇھىم تەرەققىيات پۇرسىتىنى قولدىن بېرىپ قويىمىز.

تارىخ ۋە رېئاللىق شۇنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلىدىكى، مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار بىلەن قەتئىي كۈرەش قىلىش قايسى بىر مىللەتنىڭ ئۆزىنىڭ ئىشى بولماستىن، بەلكى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق ۋەزىپىسى. پەقەت ھەرقايسى مىللەت مەن، سەن دەپ ئايرىپ ئولتۇرماي، زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، مۇرىنى مۇرىگە تىرەپ كۈرەش قىلغاندىلا، ئاندىن ياخشى بولغان مەبلەغ سېلىش شارائىتى، قۇرۇلۇش قىلىش شارائىتى ۋە تۇرمۇش شارائىتى بەرپا قىلغىلى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرگىلى، بۇ ئارقىلىق پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بىلەن تەڭ قەدەمدە پارلاق 21 ـ ئەسىرگە يەتكىلى بولىدۇ.

5- دېلو

# ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ھارۇنخان ھاجىنىڭ قەستكە ئۇچراش دېلوسى

1996 - يىلى 5 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئەتىگەن سائەت ئالتىدىن 50 مىنۇت ئۆتكەندە، قەشقەر شەھىرى ھەشىمكا كوچىسى ئاھالىلەر كومىتېتى 6 - گۇرۇپپا 30 - نومۇرلۇق قورۇدا ئولتۇرۇشلۇق شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، قەشقەر ھېيتگاھ مەسچىتىنىڭ ئىمامى ھارۇنخان ھاجى ئوغلى ئەمەتجاننىڭ ھەمراھلىقىدا ۋېلسىپىتىنىڭ ئارقىسىدا ئولتۇرۇپ، ھېيتگاھ مەسچىتىگە نامازغا ماڭغاندا، ئۇ ئوغلى بىلەن ئۆيىدىن 40 نەچچە مېتىر مېڭىشىغىلا، تۇيۇقسىز ئۈچ زوراۋان پەيدا بولۇپ، قولىدا پىچاق كۆتۈرگىنىچە ئۇ ئىككەيلەنگە ئېتىلدى. تېخى قوغدىنىشقا ئۈلگۈرەلمىگەن ھارۇنخان ھاجىنىڭ بېشى، دۈمبىسى، ئوڭ، سول پۇتى قاتارلىق جايلىرىغا 21 پىچاق ئۇردى. ئوغلىنىڭ باش قىسمىغا 13 پىچاق ئۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن ئاتا - بالا ئىككەيلەن قانغا بويىلىپ يىقىلدى.

ئەنزە سادىر بولغاندىن كېيىن، ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرى ۋە قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ رەھبەرلىرى بۇ ئىشقا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى. ئاپتونوم رايونلۇق ج خ نازارىتىنىڭ رەھبەرلىرى دەرھال قەشقەرگە يېتىپ بېرىپ قوماندانلىق

قىلدى . ساقچى ۋە خەلقتىن تەشكىللەنگەن قوغلاپ تۇتۇش چوك قوشۇنى چاقماق تېزلىكىدە جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى مۇھىم قاتناش يوللىرىنى ، بارلىق چېگرا ئېغىزلىرىنى قامال قىلىپ ، سەپ تارتىپ قاتىللارنى ئىزدەيدۇ .

5 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ج خ ئورگانلىرى بىر قانچە جىنايەتچىنىڭ يېڭىسار ناھىيىسىگە قاچقانلىقىدىن خەۋەر تاپىدۇ . بۇ چاغدا ج خ كادىر ، ساقچىلىرى ، قوراللىق ساقچى ئوفىتسېر جەڭچىلىرى ۋە ھەر مىللەت ئاممىسى دەرھال تەشكىللىنىپ ، قۇدرەتلىك سەپ تۈزىدۇ . ئالاقزادىنىككە چۈمگەن بۇ ئۈچ جىنايەتچى كېچە - كۈندۈز دېمەي قېچىپ ، توزاقتىن قۇتۇلۇشقا ئۇرۇنىدۇ . باياۋان چۆلدە نەچچە ئون سائەتلەپ توختىماي قېچىپ يۈرگەن نۇرمۇھەممەت ۋە سەيپۇللا 5 - ئاينىڭ 27 - كۈنى چۈشتە قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ ئارال يېزىسى 8 - كەنتىگە يېتىپ كەلگەندە ، بۇ كەنتنىكى ئاھالىلەر ۋە يېزا كادىرلىرى ئۇلارنى تونۇۋالىدۇ . ھەمدە يېزا ساقچىخانىسىغا ئادەم ئەۋەتىپ دوكلات قىلىدۇ . بۇ چاغدا ساقچىخانىنىڭ باشلىقى ئۆمەر مەمتىلى ۋە مۇئاۋىن باشلىقى ئابلىمىت ئىبراھىم دەرھال نەق مەيدانغا يېتىپ كېلىپ ، بۇ ئىككىسىنىڭ زور جىنايەت سادىر قىلغان جىنايەتچىلەر ئىكەنلىكىنى جەزىم قىلىدۇ - دە ، تەدبىر قوللىنىپ ، ئۇلارنى تۇتۇشقا تەمشىلىۋاتقاندا ، جىنايەتچى تويۇقسىز يوق چىقىرىپ ، قارشىلىق كۆرسىتىدۇ . ساقچىخانا باشلىقى ئېغىر يارىلىنىدۇ ، مۇئاۋىن باشلىقى قەھرىمانلارچە قۇربان بولىدۇ . جىنايەتچىلەر قالايمىقانچىلىقتىن پايدىلىنىپ قېچىپ كېتىدۇ .

بۇ جايدىكى ئامما جىنايەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىققانلىقى ھەمدە يەنە بىر قېتىم قاتىللىق قىلغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاپ ئىنتايىن غەزەپلەندى ھەمدە قوللىرىدىكى ئىشلىرىنى تاشلاپ، بەزىلىرى ساقچىخانىغا ئەھۋال مەلۇم قىلىشقا بارسا، بەزىلىرى قوللىرىغا توخماق، كەتمەنلەرنى ئېلىپ، جىنايەتچىلەرنى قوغلاش سېپىگە قوشۇلۇپ كېتىشتى. دېھقان ئابدۇۋايىت ئەبەيدۇللا ئۆزىنىڭ كىرا ئاپتوموبىلىنى ھەيدەپ كەينىدىنلا ئامانلىق ساقلاش خادىمى مەمەت بەكرى بىلەن جىنايەتچى قاچقان نىشانغا قاراپ ئەڭ ئالدىدا قوغلاپ ماڭدى. ماشىنا چۆلگە كەلگەندە ماشىنا يولى تۈگەپ قالدى. ئىككەيلەن ماشىنىنى شۇ جايغا تاشلاپ قويۇپ، يۈگۈرگىنىچە ئۇلارنى قوغلىدى. جىنايەتچىلەر بىر تەرەپتىن يۈگۈرۈپ، بىر تەرەپتىن ئۇلارغا قارىتىپ ئوق چىقىرىدۇ. ئەمما قورۇق قول بۇ ئىككى دېھقان قىلچىمۇ ھودۇقماستىن چۆلدە ئۇلارنى 20 نەچچە كىلومېتىر جايغىچە قوغلاپ ئاخىرى ماغدۇرسىزلانغان جىنايەتچىلەرنى يېڭىسار ناھىيىسى بىلەن قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسى تۇتىشىدىغان چۆللۈكتىكى بىر زىيكەشلىك بويىغا قوغلاپ كېلىدۇ. بۇ ئىككى باتۇر، ئەقىللىق دېھقان زىيكەشلىك يېنىدا تۇرۇپ، بىر كالتەكنى مىلتىق قىلىپ، ئۇنى دۈشمەنگە بەتلەپ تۇرۇپ ئاغزىدا «پاڭ، پاڭ» قىلىپ ئوق چىقارغان ھەرىكەتنى قىلىدۇ. بۇ ئىككىسىنىڭ قوغلاش ھەرىكىتى قىممەتلىك ۋاقىتنى قولغا كەلتۈرىدۇ. ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان ئەتراپتىكى ھەرقايسى يوللاردا قوغلاپ كېلىۋاتقان قوشۇن تېزلىك بىلەن زىيكەشلىك ئەتراپىغا يىغىلىدۇ. بۇ ئىككى جىنايەتچى قاپقانغا چۈشكەن چاشقانغا ئوخشاپ قالغان بولسىمۇ، ئەمما يەنىلا جاھىللىق بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىپ، ج خ كادىر ساقچىلىرى قوراللىق

ساقچى قىسىم ئوفىتسېر جەڭچىلىرىگە ھەمدە ئەتراپتىكى ئاممىغا توختىماي ئوق چىقىرىدۇ . ئاممىنىڭ « بۇ بۇزۇق ئەبلەخلەرنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرەيلى » دېگەن ساداسى ئىچىدە نۇرمەمەت نەق مەيداندا ئېتىپ ئۆلتۈرۈلىدۇ ، سەيپۇللا يارىلىنىپ قولغا چۈشىدۇ.

ھارۇنخان ھاجىنىڭ سۇيىقەستكە ئۇچراپ يارىلانغانلىقى مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق دۈشمىنى ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم ئاشكارىلىدى . مىللىي بۆلگۈنچىلەر ئۆزلىرى بىلەن بىرلىكتە بۆلگۈنچىلىك پائالىيىتى ئېلىپ بارمىغان. ئۇلارنىڭ جىنايى مەقسىتىگە قارشى تۇرغانلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆزلىرىنىڭ ھۇجۇم قىلىش دائىرىسىگە كىرگۈزدى . بۇرۇن ئۇلار ئىتتىپاقلىقتا بىرلىكتە چىڭ تۇرغان ۋەتەنپەرۋەرلەرنى تۈرلۈك يوللار بىلەن كەمسىتىپ . ئۇلارغا « مىللەتنىڭ خائىنلىرى » دەپ زەھەرخەندىلىك بىلەن ھۇجۇم قىلغان بولسا ، ھازىر تەرەققىي قىلىپ پىچاق سېلىش ،ئېتىش ، پارتىلىتىش قاتارلىق ۋەھشىي ۋاستىلەرنى قوللىنىۋاتىدۇ .مىللىي بۆلگۈنچىلەر تەرىپىدىن رەھىمسىزلەرچە زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان ۋەتەنپەرۋەرلەرنى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى مەڭگۈ ياد ئېتىدۇ ۋە ھۆرمەت قىلىدۇ ، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئىسسىق قېنى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كۆزىنى روشەنلەشتۈردى ، ئۇلارغا مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى تونۇتۇپ ، بۇ ئارقىلىق ئۇلارنى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئۇيۇشۇپ ، دۈشمەنگە ئورتاق قارشى تۇرىدىغان قىلىپ ، تەربىيىلەپ ، ھارۇنخان ھاجىنىڭ قەستكە ئۇچراش دېلوسىنىڭ پاش قىلىنىشى بۇ نۇقتىنى كۈچلۈك ئىسپاتلاپ بەردى . بۇ قېتىمقى قوغلاپ تۇتۇش

ھەرىكىتىدە . يېڭىسار ۋە قەشقەر يېڭىشەھەردىكى نەچچە ئون مىڭ ئاما بەس
ـ بەس بىلەن قولىدىكى ئىشنى تاشلاپ ، ئۆيىدىن چىقىپ ، ئۆزلىكىدىن
ھېيۋەتلىك زور قوشۇن بولۇپ ئۇيۇشۇپ ، 600 دىن ئارتۇق ج خ كادىر
ساقچىلىرى ۋە قوراللىق ساقچى ـ ئوفىتسېر جەڭچىلىرىنىڭ دېلو سادىر
قىلغۇچىلارنى قوغلاپ تۇتۇشقا ماسلاشتى . ياپچان يېزىسىدىكى بەزى
ئاھالىلەر دېلو سادىر قىلغان جىنايەتچىنىڭ ئورمانلىققا قاچقانلىقىنى ئاڭلاپ ،
پۈتۈن ئورماننى قورشىۋالدى . يېڭىيەر يېزىسىدىكى موتىسىكلىتى بار 18 ئاھالە
ئۆزلىكىدىن موتىسىكلىتلىق قوغلاپ تۇتۇش ئەترىتى بولۇپ شەكىللەندى .
بەزى يېزا ئاھالىلىرى ئاتلىرىنى ، ئېشەكلىرىنى ھارۋىغا قېتىپ ، بۇنى
تەشەببۇسكارلىق بىلەن ج خ كادىر ساقچىلىرىنىڭ قوراللىق ساقچى قىسىم
ئوفىتسېر جەڭچىلىرىنىڭ ئىشلىتىشىگە ئەكلىپ بەردى . يەنە بەزىلەر چاي
قاينىتىپ ، پولو ئېتىپ تۇردى ؛ بەزى يېزا ئاھالىلىرى يەنە توخۇ ئۆلتۈرۈپ ،
قوي سويۇپ قورشاپ تۇتۇشقا قاتناشقان ج خ كادىر ـ ساقچىلىرى ، قوراللىق
ساقچى ، ئوفىتسېر ـ جەڭچىلىرىدىن ھال سورىدى — بۇلار يەنىمۇ
ئىلگىرىلىگەن ھالدا مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق
دۈشمىنى ئىكەنلىكىنى ، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ھەقىقىي پولات
ئىستىھكام ، ئاسماندىكى تور ، يەردىكى قاپقان ئىكەنلىكىنى ، مىللىي
بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىگە قارشى تۇرىدىغان قەيسەر ئارقا تىرەك
ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى . مانا بۇ پولات ئىستىھكام ۋە ئاسماندىكى تور ،
يەردىكى قاپقان ئالدىدا بىر ئۇچۇم مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىق
ھەرىكەتلىرى چوقۇم ئۇزۇل ـ كېسىل تارمار بولىدۇ .

# « 25 - فېۋرال » ئاپتوبۇس پارتلىتىش دېلوسى

1997 - يىلى 2 - ئاينىڭ 25 - كۈنى قەدىردان يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ تەرىيە يىغىنى بېيجىڭدا ھەيۋەتلىك ئۆتكۈزۈلۈۋاتاتتى. چېگرا شەھەر ئۈرۈمچىدە مىليونلىغان كىشىلەرنىڭ كۆزلىرى ياشلانغان، ھەر مىللەت خەلقى چەكسىز قايغۇغا چۆمگەنىدى. ھالبۇكى، پۈتۈن مەملىكەت خەلقى ماتەم تۇتۇۋاتقان مۇشۇنداق كۈندە بىر ئۇچۇم مىللىي بۆلگۈنچىلەر ئۈرۈمچىدە تەشكىللىك، پىلانلىق، سىياسىي غەرىزى بولغان بىر قاتار ئاپتوبۇس پارتلىتىش دېلوسى سادىر قىلىپ، بىگۇناھ، توققۇز ئادەمنىڭ ئۆلۈشىگە، 58 ئادەمنىڭ يارىلىنىشىغا سەۋەبچى بولدى. پارتلاشتا ئۆلگەن، يارىلانغانلارنىڭ ئىچىدە خەنزۇ، خۇيزۇ، ئۇيغۇر قاتارلىق ئاممىلار بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئاياللار ۋە بالىلارنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى بىر قەدەر كۆپ. پارتلاش يۈز بەرگەن نەق مەيداندا قانلار ئېقىپ، ئادەم بەدەنلىرى پارچىلىنىپ چىدىغۇسىز ئېچىنىشلىق ئىدى.

« 25 - فېۋرال » تېررورلۇق پارتلىتىش دېلوسىنىڭ يۈز بېرىشى ھەرگىزمۇ تەسادىپىي يەككە، يېگانە بولغان بولماستىن، بەلكى مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ پىلانلىغىنىغا ئۇزۇن بولغان « 97 - يىلى قاتتىق ئىشلەش » پىلانىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى، شۇنداقلا بۆلگۈنچىلىك، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكىتىنى كۈچەيتكەنلىكىنىڭ مۇقەررەر ئىپادىسى بولۇپ، مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ دۆلەتنىڭ خەۋپسىزلىكىگە زىيان يەتكۈزىدىغان، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھاياتىنىڭ، مال مۈلكىنىڭ بىخەتەرلىكىگە زىيان سالىدىغان، ھەر

مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق دۈشمىنى ئىكەنلىكىدەك ھەقىقىي قىياپىتىنى يەنە بىر قېتىم تولۇق ئاشكارىلاپ، پۈتۈن شەھەردىكى ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ قاتتىق غەزىپىنى ۋە جەمئىيەتتىكى ھەر تەرەپنىڭ كۈچلۈك نارازىلىقىنى قوزغىدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بىر ئوچۇم مىللىي بۆلگۈنچىلەر چېگرا ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئەكسىيەتچىل كۈچلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ئۈرۈمچى ۋە پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئارقىدىن - ئارقىدىن ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاش، قالايمىقانچىلىق ۋەقەسىنى ۋە پارتلىتىش، يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈش قاتارلىق زوراۋانلىق - تېررورلۇق ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بېرىپ، ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي مۇقىملىققا ئېغىر بۇزغۇنچىلىق قىلدى. بۇنىڭ ماھىيىتى شۇكى، بۇ جىنايى ھەرىكەتلەرنىڭ ھەممىسى مىللىي بۆلۈنۈشنى، ۋەتىنىمىزنىڭ بىرلىكىنى پارچىلاشنى مەقسەت قىلغان ئەكسىيەتچىل سىياسىي تەشەببۇس ۋە ئەكسىيەتچىل ئىجتىمائىي پىكىر ئېقىمىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئېلىپ بېرىلغان ئەكسىيەتچىل رېئال ھەرىكەت. جامائەتچىلىككە ئايانكى، شىنجاڭدا ئەزەلدىنلا كۆپ خىل تىل، كۆپ خىل دىنىي ئېتىقاد، ئۇخشاش بولمىغان ئۆرپ - ئادەتكە ئىگە بولغان ھەر مىللەت خەلقى ياشاپ كەلگەن، شىنجاڭنىڭ تارىخى خەنزۇ مىللىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەر مىللەت خەلقى ئورتاق ھالدا چەتئەلنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى تۇرغان، ئورتاق ھالدا جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلغان، ئورتاق ھالدا شىنجاڭنى گۈللەندۈرگەن تارىخ. ئازاد بولغان 40 نەچچە يىلدىن بۇيان، جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە شىنجاڭدا بارلىق كونا تۈزۈم بىكار قىلىنىپ سىنىپىي زۇلۇم ۋە مىللىي زۇلۇم تۈپتىن يوقىتىلىپ ھەر مىللەتنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى باراۋەرلىكى ئەمەلگە ئېشىپ، شىنجاڭنىڭ قىياپىتىدە ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى. مەيلى ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ سەۋىيىسى جەھەتتىن بولسۇن، مەيلى جەمئىيەتنىڭ مەدەنىيەتلىشىش دەرىجىسى ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ

تۇرمۇش سەۋىيىسى جەھەتتىن بولسۇن ، ھەممىسىدە زور ئۆسۈش بارلىققا كەلدى .مانا بۇ ھەممە ئېتىراپ قىلىدىغان، كۆز يۇمۇشقا بولمايدىغان پولاتتەك پاكىت ، بۇ جەھەتتە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بىۋاستە تەسىراتى بار . شۇڭا ، بىرلىككە كەلگەن دۆلەت ئىچىدە ، قۇدرەتلىك خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىسى ئاستىدا ، تارىخ ئېقىمىغا خىلاپلىق قىلىدىغان ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپلىق قىلىدىغان بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلەر ھەرگىزمۇ چىقىش يولى تاپالمايدۇ . مەغلۇپ بولىدۇ ، خالاس . ئەمما ، شۇنىمۇ ئېتىراپ قىلماي بولمايدۇكى ، مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار ئۇزلۇكسىز ئېلىپ بارغان بىگۇناھلارنى رەھىمسىزلەرچە ئۆلتۈرۈشتەك زوراۋانلىق تېررورلۇق ھەرىكەتلەر ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھايات ، مال مۈلۈك بىخەتەرلىكىنى ئېغىر تەھدىتكە ئۇچرىتىپ، نورمال خىزمەت ، ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش تەرتىپىنى بۇزدى . ھازىر ئېنىقلاندىكى ، « 25 ـ فېۋرال » پارتىلىتىش دېلوسى ماخمۇت ئابدۇراخمان ، ئابدۇللا نىياز قاتارلىقلار نى ئاساسىي ئەزا قىلغان زوراۋانلىق ، تېررورلۇق گورۇھىدىكىلەرنىڭ قىلمىشىدۇر . بۇ گورۇھنىڭ مەقسىتى بۇلاش قاتارلىق ۋاستىلەرنى قوللىنىپ ، مەبلەغ ، قورال ـ ياراق ، ئوق، دورا يىغىپ ، ئاتالمىش دىنسىزلارنى ۋە خائىنلارنى ئۆلتۈرۈش ھەمدە پارتىلىتىش ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق تەسىر پەيدا قىلىپ ، « شىنجاڭنى مۇستەقىل قىلىش » تىن ئىبارەت . ئۇلار 2 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ئاپتوۋۇزلارغا ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا بەش دانە پارتلاتقۇچ ئورنىتىپ قويغاندىن كېيىن ، يەنە تېخىمۇ زور زوراۋانلىق ، تېررورلۇق ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىشنى پىلانلىغان ، ج خ ئورگانلىرى ئۇلارنى تۇتۇش بىلەن بىرلىكتە يەنە مەلۇم بىر ئۇۋىدىن پارتلىتىش ئەسلىھەلىرىنى ۋە قورال ، ئوق ۋە پىستانلارنى قولغا چۈشۈرگەن . ناۋادا ، ئۇلارنىڭ جىنايى غەرىزى ئىشقا ئاشقان بولسا كىم بىلىدۇ ، يەنە قانچىلىغان بىگۇناھ قان ئىچىدە قالغان بولاتتى . 1992 ـ

يىلدىكى « 5 - فېۋرال » پارتىلىتىش دېلوسى يۈز بەرگەندىن كېيىن قانچىلىغان بىگۇناھ ئامما زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى . قانچىلىغان ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زات زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى ، قانچىلىغان خەلققە سادىق كادىر زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى ، مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار ئۆتكۈزگەن جىنايەتلەرنى ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ . ئەمما ئۇلار ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي « مىللەتنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن كۈرەشىمىز » دەپ تەرغىپ قىلماقتا . ئەجەبا قالايمىقانچىلىق ، زوراۋانلىق قىلىش بىگۇناھلارنى ئۆلتۈرۈش ھەتتا ئاياللار ۋە بالىلارنى ۋەھشىلەرچە ئۆلتۈرۈشمۇ ئاتالمىش « خەلق مەنپەئىتى » مۇ ؟ ئەمەلىيەتتە ئۇلار ھېچقانداق مىللەتكە ۋەكىللىك قىلالمايدۇ . ھەم ئۇلار خەلق ئاممىسىغا ئازراقمۇ ياخشى ئىش قىلىپ بەرگەن ئەمەس . ئۇلارنىڭ جىنايى ھەرىكىتى يەنە ئۆز مىللىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە خىلاپ ۋە زىيانلىق ، ئۇلار ھەقىقەتەن « مىللىي مۇناپىقلار » ، بىر ئۇچۇم ۋىجدانىنى يوقاتقان ، غالجىرلاشقان ئەكسىيەتچى ئۇنسۇرلار .

شەھەرلىك پارتكوم ، شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىكى ۋە ج خ نازارىتىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ، شەھەرلىك ج خ ئورگىنى كۆپچىلىكنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويماي ، كېچە - كۈندۈز جەڭ قىلىپ ، « 25 - فېۋرال » پارتلىتىش دېلوسى ۋە « 30 يانۋار » دېگى گۈيۈمەن كوچىسى ، « 20 - فېۋرال » جەنۇبىي يېڭى ۋوگزالى قاتارلىق جايلاردا يۈز بەرگەن ئادەم ئۆلتۈرۈش دېلولىرىنى ۋاقتىدا پاش قىلىپ ، دېلو سادىر قىلغان جىنايەتچىلەرنىڭ كۆپىنچىسىنى قولغا چۈشۈردى . 5 - ئاينىڭ 29 - كۈنى شەھەرلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى يۇقىرى سوت مەھكىمىسىنىڭ زالىدا شەھەرلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ « 25 - فېۋرال » پارتلىتىش دېلوسىدىكى 12 نەپەر جىنايەتچىگە بولغان ئاخىرقى ھۆكۈمنى ئېلان قىلدى ۋە يۇقىرى سوت مەھكىمىسىنىڭ ئۆلۈم جازاسى ئىجرا قىلىش توغرىسىدىكى

بۇيرۇقنى ئاساس قىلىپ، بۇ دېلودىكى سەككىز نەپەر جىنايەتچىنى جازا مەيدانىغا ئاپىرىپ، ھۆكۈمنى ئىجرا قىلدى. مانا بۇ خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىسىنىڭ كۈچلۈك ھەيۋىسىنى يەنە بىر قېتىم تولۇق نامايان قىلدى، مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلارنىڭ زوراۋانلىق، تېررورلۇق قىلىش ھەيۋىسىگە يەنە بىر قېتىم قاتتىق زەربە بەردى. ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي، مۇقىملىقىنى ئۈنۈملۈك قوغدىدى. ئەمما، « دەرەخ جىم تۇراي دېسىمۇ، شامال جىم تۇرغۇزمايدۇ »، بىز شۇنى سەگەكلىك بىلەن كۆرۈشىمىز كېرەككى، شىنجاڭدا بۆلگۈنچىلىك قىلىش بىلەن بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش، ئاغدۇرمىچىلىق قىلىش بىلەن ئاغدۇرمىچىلىق قىلىشقا قارشى تۇرۇش، بۇزغۇنچىلىق قىلىش بىلەن بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا قارشى تۇرۇش ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش ئۇزاق مۇددەتلىك، مۇرەككەپ، مۇشكۈل بولىدۇ، بەزىدە ئىنتايىن كەسكىنلىشىپ كېتىدۇ. نۆۋەتتە، مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار، قۇدرەتلىك خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتورىسى ئالدىدا غال - غال تىترەپ تۇرسىمۇ -مەغلۇبىيىتىگە ھەرگىزمۇ تەن بەرمەيدۇ. ھەر ۋاقىت غالجىرلارچە ھۇجۇم قىلىشقا ئۇرۇنۇپ، تۈرلۈك چارە -ئاماللار بىلەن زوراۋانلىق، تېررورلۇق ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشى مۇمكىن. شۇڭلاشقا بىر ئۈچۈم مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلارنىڭ ۋەقە تۇغدۇرۇپ، جەمئىيەت تەرتىپىنى قالايمىقانلاشتۇرۇپ، مىللىي ئۆچمەنلىككە ۋە دىنىي ئۆچمەنلىككە قۇترىتىشتەك بىر قاتار ھەرىكەتلەرنىڭ ماھىيىتى ۋە زىيىنىنى ئېنىق تونۇپ، مەركەزنىڭ 7 - نۆۋەتلىك ھۆججىتىنى تېخىمۇ ئاڭلىق ئۆگىنىپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مەركەزنىڭ 7 - نومۇرلۇق ھۆججىتىنى قورال قىلىپ، قانۇننىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى قوغداپ، قىلچىمۇ يۇمشاق قوللۇق قىلماي، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلاشقا ئۇرۇنغان، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا، بۇزغۇنچىلىق قىلغان، زوراۋانلىق تېررورلۇق ھەرىكىتى ئېلىپ بارغان بارلىق جىنايەتچىلەرنى قەتئىي

ئۈزۈل - كېسىل يوقۇتۇشىمىز كېرەك . شۇنىڭ بىلەن بىللەيەنە ، پۈتۈن شەھەردىكى ھەرقايسى تارماق، ئورۇنلار ھەممە ھەر مىللەت خەلقى دۈشمەن ئەھۋالى قارشىنى يەنىمۇ تۇرغۇزۇشى ، ئالدىنى ئېلىش ئىگىنى كۈچەيتىش ۋە ئالدىنى ئېلىش سالمىقىنى يەنىمۇ ئاشۇرۇش ، مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلارغا ھەرگىز پايدىلىنىدىغان پۇرسەت يارىتىپ بەرمەسلىكى كېرەك . ئەمەلىيەت بىزگە شۇنى ئۇقتۇردىكى ، تۇيۇقسىز يۈز بېرىدىغان ۋەقەلەر كۆپەيگەنسېرى ، دۈشمەن غالجىرلاشقان پەيتتە پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئۇيۇشۇپ ، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ، ئارمىيە بىلەن خەلق ئوتتۇرىسىدىكى ۋە ساقچى بىلەن خەلق ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاقلىقنى قوغداپ ۋە كۈچەيتىپ ، سوغۇققان بولۇپ ، ھەممە بىر نىيەتتە بىر سەپتە تۇرۇشىمىز كېرەك . مانا بۇ بىزنىڭ پارلىق دۈشمەنلەر ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشىمىزدىكى ئەنگۈشتەر ، بىز ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش ۋە مىللەتلەر بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنىڭ ئۇلۇغ بايرىقىنى داۋاملىق ئېگىز كۆتۈرۈپ ، مۇقىملىق خىزمىتىنى ياخشى تۇتۇش بىلەن بىرلىكتە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت بۇ مەركەزنى چىڭ تۇتۇپ ، بۇ يىلقى خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ تۆرلۈك ۋەزىپىلىرىنى ئورۇنداش ئۈچۈن تىرىشىپ خىزمەت قىلىپ ، شياڭگاڭنىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كېلىشى ، پارتىيە 15 - قۇرۇلتىيىنىڭ غەلىبىلىك ئېچىلىشىغا ئەلا نەتىجە يارقىلىق سوۋغا تەقدىم قىلىشىمىز لازىم .